دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى نەشر قىلدى

# خەۋەرنامە

2017 - يىللىق 3 - سان | ئومۇمىي 4 - سان

3

2017

خەۋەرنامە

2017 - يىلى مارت | 3 - سان | ئومۇمىي 4 - سان

**2017 - يىلى 1 - مارت:** خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرى، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن 19 ئۆلكە ۋە شەھەرنىڭ 9 - تۈركۈمدىكى 4000 ياردەم بەرگۈچى كادىرنىڭ ئارقىمۇ - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

**2017 - يىلى 1 - مارت:** خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى بايقال كۆلىنىڭ سۈيىنى تۇرۇبا ئارقىلىق توشۇپ كېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەلۇم بولۇشىچە، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ شەھىرىدىكى شەھەر ۋە يېزا پىلانلاش ئىنستىتۇتىنىڭ خادىملىرى بايقال كۆلىدىن، گەنسۇنىڭ چىلەنشەن تاغلىرى رايونى ۋە لەنجۇ شەھىرىگە تۇتىشىدىغان 1700 كىلومېتىرلىق تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، بايقال كۆلىنىڭ سۈيىنى بۇ جايلارغا توشۇپ كېلىپ، ئېغىرلىشىۋاتقان قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە بىر پىلان لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**2017 - يىلى 1 - مارت:** خىتاي تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يەنە بىر ئاسفالت يول ياسايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مەزكۇر يېڭى يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 330 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يول كورلا شەھىرىگە 50 كىلومېتىر كېلىدىغان لوپنۇر ناھىيەسى بىلەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن ناھىيەسىنى تۇتاشتۇرىدىكەن. مەزكۇر يول پۈتكەندىن كېيىن، قارا قورۇم تاغلىرى ئېتىكى رايونى بىلەن كورلا - ئۈرۈمچى لىنىيەسى ئارىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىدە زور ئۆزگىرىش بولىدىكەن.

**2017 - يىلى 1 - مارت:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىم 1 - مارت كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە بىر نەچچە نەپەر مەجلىس ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەمدە دۇچ كېلىۋاتقان كونكرېتنى مەسىلىلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى؛ سۆھبەت داۋامىدا، دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى رورا باكىر ئەپەندى رابىيە خانىمنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئېچىش، قانۇن لايىھەسى چىقىرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى باشلىقى كرىستوفىر سىمىت قاتارلىق مەجلىس ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى.



**2017 ـ يىلى 2 ـ مارت:** د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئۈمىد ئاگاھى ۋە پەرھات مۇھەممىدى ئەپەندىلەر 2017 ـ يىلى 2 ـ مارت كۈنى گېرمانىيە پايتەختى بېرلىنغا بېرىپ، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى جۇتتا كۆلىچ خانىم، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى شەرقىي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى توماس ۋىممەر ئەپەندى ھەمدە تاشقى سودا ۋە ئالاقە بۆلۈمى خادىمى تىلمان ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ۋە ھەر خىل دوكلاتلارنى تەقدىم قىلدى.



**2017 ـ يىلى 3 ـ مارت:** ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ يىللىق دوكلاتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى كۈن تەرتىپكە كەلدى؛ دوكلاتنىڭ خىتايغا ئائىت قىسمىدا ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە خىتايدىكى پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغانلىقى، ئۇيغۇر ۋە تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بېسىم ۋە كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغانلىقى قەيت قىلىندى.

**2017 ـ يىلى 3 ـ مارت:** مىيۇنخېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت كۆرىكىدە ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىمۇ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ ئالقىشقا ئېرىشتى.

**2017 ـ يىلى 6 ـ مارت:** «ياپونىيە ۋاقتى» گېزىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى قاتتىق قول سىياسىتى ھەققىدە باش ماقالە ئېلان قىلدى؛ ماقالىدە، «تاراتقۇلار يېقىنقى بىرقانچە يىلدا بۇ رايوندا يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە... بېيجىڭ گۇمىدىكى پىچاقلىق ھۇجۇم ۋەقەسىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، مىڭلىغان ئەسكەر ۋە ئۇرۇش ئاپتوموبىللىرىنى كوچىغا چىقىرىپ ‹تېررورلۇققا قارشى› ھەربىي ھەيۋە كۆرسەتمەكتە. كومپارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق كاتتىبېشى ‹تېررورچىلارنىڭ جەسەتلىرىنى خەلق ئۇرۇشىنىڭ بىپايان دېڭىزىغا كۆمۈۋېتەيلى›، دەپ چاقىرىق قىلماقتا.» دېگەن ئىبارىلەرگە ئورۇن بېرىلدى.

**2017 ـ يىلى 6 ـ مارت:** خىتاي دائىرىلىرى قەشقەردە يۇقىرى مائاشلىق 3000 ساقچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى؛ خىتاي تاراتقۇلىرىدىن

خىتاي مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق تاراتقۇلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەر شەھەرلىك ھۆكۈمەت 6 ـ مارت ئېلان چىقىرىپ، قەشقەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يۇقىرى مائاش بىلەن خىتاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلىرىدىن 3000 ساقچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

**2017 ـ يىلى 7 ـ مارت:** ياپونىيە پارلامېنتىدا چاقىرىلغان 49 ـ نۆۋەتلىك ياپونىيە كۇرئاتكىي ئۇيۇشمىسى ئاسىيا مۇنبىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئاڭلىتىلدى؛ يىغىندا، ياپونىيە پارلامېنت ئەزاسى ۋادا ماسۇمۇنى، ياپونىيە ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ گېنېراللىرىدىن ئىمامىچى قاتارلىقلار تەرىپىدىن ياپونىيەنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇندىن باشقا يىغىندا يەنە، ياپونىيە ئۇيغۇر بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى تۇرمۇھەممەت ھاشىم ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات بەرگەن.



**2017 ـ يىلى 8 ـ مارت:** بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى زەيد رەئىد ئەلھۇسەيىن 8 ـ مارت كۈنى جەنۋەدە قىلغان سۆزىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلى ۋە تىبەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي ۋە دىنى بېسىم سىياسىتىنى تەنقىد قىلدى.

**2017 ـ يىلى 8 ـ مارت:** ئەنقەرەدە چاقىرىلغان ئاياللار ھوقۇقى يىغىنىدا ئۇيغۇر ئاياللىرى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئىككى كۈن داۋاملاشقان بۇ خەلقئارا يىغىنغا ئەزەربەيجان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ماكېدونىيە، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە رۇسىيە فېدېراتسىيەسى قاتارلىق 12 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى ھەم ئايال پائالىيەتچىلەر قاتناشتى. ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچى شائىرە نۇرئەلا گۆكتۈرك خانىم ئىشتىراك قىلدى. يىغىنغا يەنە تۈرك دۇنياسى ئاياللىرى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەئىسى، سابىق پارلامېنت ئەزاسى شەنول بال خانىم، ياۋرو ـ ئاسىيا ئىنسان ھەقلىرى مۇنبىرى رەئىسى ئابدۇللاھ بۆكسۇر ئەپەندىلەر قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

**2017 ـ يىلى 8 ـ مارت:** ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى 8 ـ مارت كۈنى خەلقئارا ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن

بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى.

**2017 - يىلى 8 - مارت:** رابىيە قادىر خانىم 8 - مارت خەلقئارا خانىم - قىزلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ: «پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان بولسا، ئۇيغۇر ئاياللار ئەزەلدىن ئەرلەر بىلەن ھوقۇق، مەنپەئەت جەھەتتە باراۋەر بولۇش، قەدىر-قىممەت جەھەتتە باراۋەر بولۇشقا ئېرىشىپ بولغان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاياللارنىڭ نومۇسىنى قوغدىشى ۋەتەننى قوغداشقا باراۋەر بولغاچقا، جان ۋە قان بەدەل بېرىپ ئاياللىرىنى قوغداۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنى بولسا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشتىن ئاللابۇرۇن ھالقىغان، خىتاي ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى قوللىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار شۇ باراۋەر ھوقۇقنى ھەمدە تىنچلىقنى ئېلىپ كېلىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن.» دېدى ۋە دۇنيا ئاياللار بايرىمى كۈنىدە يەنىلا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىرادىسىنى سەل چاغلىماسلىققا، ئۇلارنى ئاشقۇن ئۆچمەنلىككە تارتىپ ئېلىپ كەلمەسلىككە، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم ۋە زۇلۇم سىياسەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىرىش بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇچراۋاتقان زۇلۇملارغا قاراپ تۇرماسلىققا، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى كېڭىيىپ كەتسە، دۇنياغىمۇ تەھدىت بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە چاقىردى.



**2017 - يىلى 8 - مارت:** مەركىزى خوڭكوڭدىكى «جۇڭگو كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتى ئۇچۇر مەركىزى» 8 - مارت كۈنى بىر ئۇچۇر تارقىتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خېنەن ئۆلكىسىدە تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىسىم 128 - دېۋىزىيەسىدىن 1000 نەپەر قوراللىق ساقچىنى ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۇيغۇر دىيارىنىڭ خوتەن ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىگە يۆتكىگەنلىكىنى، رايوندا بەلكىم چوڭ بىر ۋەقە چىققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى.

**2017 - يىلى 8 - مارت:** 7 - ، 8 - مارت كۈنلىرىدە يەكەندە مۇقىملىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرگەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جۇ خەيلۈن، يەكەندە قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ يۇقىرى بېسىملىق ھالىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

**2017 - يىلى 9 - مارت:** خىتاينىڭ «يەر شارى ۋاقتى» گېزىتى پەيشەنبە كۈنى خەۋەر تارقىتىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرىلىرىنىڭ بۇ يىل ئىچىدە «ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش» ھەققىدە يېڭى بىر قانۇن - تۈزۈم ئېلان قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. خەۋەردىن قارىغاندا يەنە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرىلىرى يەنە بۇ ئاي ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىنتېرنېت بىخەتەرلىك بەلگىلىمىسىنىمۇ ماقۇللايدىكەن.

**2017 - يىلى 9 - مارت:** مەركىزى فىرانسىيەدىكى «خەلقئارا ژۇرنالىستلار بىرلىكى» باياناتى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىرنى ئۇيغۇر ئېلىدىكى ساقچىلارنىڭ ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە چاقىردى.

**2017 - يىلى 9 - مارت:** خىتاي ھۆكۈمىتى پەيشەنبە كۈنى (9 - مارت) «ئامېرىكىنىڭ يىللىق كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى» نى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەپ تەسۋىرلىدى.

**2017 - يىلى 10 - مارت:** دائىرىلەر ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۇندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان چىقىرىپ، پۇقرالارنىڭ قولىدىكى ئېشىپ قالغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى، پاتىلداق، سەرەڭگە قاتارلىق بۇيۇملارنى، ئارتۇق ئەمگەك قوراللىرىنى ۋە «دىنىي ئەسەبىيلىك» تۈسىدىكى بۇيۇملىرىنى دەرھال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان؛ ئۇندىداردا تارقالغان بۇ ئۇقتۇرۇشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەگەر پۇقرالار قولىدىكى ئېشىپ قالغان بۇ خىل ئارتۇق بۇيۇملارنى 1 - ئاپرېلغا قەدەر تاپشۇرمىسا، تېررورلۇق قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ئاماننىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى... قاتارلىق قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن جازالىنىدىكەن.

**2017 - يىلى 10 - مارت:** خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ جۈمە كۈنى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر رايونىدا «پولات قورغان» قۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**2017 - يىلى 10 - مارت:** دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەكرەم شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئىستانبۇل چاپىدىكى مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىغا ئىشتىراك قىلىپ، «ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي

تۈركىستان» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى؛ يىغىنغا جەمئىيەت رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى شۇنداقلا ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.



**2017 ـ يىلى 10 ـ مارت:** خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت كومىسسارى چېن گوپېڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەڭ زور خىرىس» دېگەن.

**2017 ـ يىلى 10 ـ مارت:** تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا رايونىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان قەيسەرى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 12 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك دۇنياسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيىتى تونۇتۇلدى؛ ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن قەيسەرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى مەخسۇس بۆلۈم ئېچىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇتقاندىن سىرت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سىياسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىم ۋە لوزۇنكىلارنى ئېسىپ تۈركىيەدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا نەشر قىلىنغان كىتاب-ژۇرناللارنى قويۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتىنى تونۇتماقتا. بۇلاردىن باشقا، يەرمەنكە مەيدانىغا تونۇر سېلىپ، ئۇيغۇر نانلىرىنى سېتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تونۇتتى.



**2017 ـ يىلى 10 ـ مارت:** قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر مەكتىپى «يۈنىسكو» قارمىقىدىكى مەكتەپلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولدى؛ 10 ـ مارت كۈنى، ئالمۇتا شەھىرىنىڭ دوستلۇق مەھەللىسىگە

ئورۇنلاشقان ئابدۇللا روزىباقىيېف نامىدىكى 153-گىمنازىيە مەكتىپىدە مەزكۇر مەكتەپكە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى قارمىقىدىكى مەكتەپلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىق گۇۋاھنامىسىنى تاپشۇرۇش مۇراسىمى بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى (يۇنېسكو)نىڭ ۋەكىللىرى، ئالمۇتا شەھەرلىك، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، جەمئىيەتلىك بىرلەشمىلەر ۋەكىللىرى، شەھەرلىك ئالىي كېڭەش ۋە قازاقىستان خەلقلىرى كېڭىشىنىڭ ئەزالىرى، گىمنازىيە كوللېكتىپى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى، زىيالىيلار، يۇرت-جامائەتچىلىكى ۋە باشقىلار قاتناشتى.




**2017 - يىلى 14 - مارت:** مەركىزى ئامېرىكىدا بولغان خەلقئارا ئەركىنلىك ئۆيى تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتايدا 100 مىليون كىشىنىڭ دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك زۇلۇم چېكىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلدى.

**2017 - يىلى 14 - مارت:** ئۇيغۇر رايونلۇق ج خ تارماقلىرى يېقىندا ئېلان قىلغان ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئاتالمىش تېررورچىلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى چاقىرىقى خەلقئارا ئاخباراتىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. رويتېرس تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە، خىتاينىڭ مەزكۇر چاقىرىقىدىكى كەڭچىلىك تەدبىرىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ رايوندىكى ئۆزىگە قارشى تەھدىتنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقى ۋە رايوندىكى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنبەسى خاتا سىياسەت ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**2017 - يىلى 15 - مارت:** يەرلىك ساقچىلار «3 قانۇنسىز، بىر بۇيۇم» نى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان پۇقرالارنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى دەلىللىدى؛ ئۇيغۇر رايونىدىكى يەرلىك ساقچى دائىرىلەر ئۆتكەن ھەپتە ئۇندىداردا ئېلان چىقىرىپ، پۇقرالاردىن «3 قانۇنسىز، بىر بۇيۇم» نى دەرھال تاپشۇرۇشىنى، 1-ئاپرېلغا قەدەر تاپشۇرمىغانلارنىڭ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ئامانلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى» قاتارلىق قانۇن-تۈزۈملەرگە سېلىنىپ، جازالىنىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ توغرىلىقىنى خوتەننىڭ مەلۇم ناھىيەسىدىكى نۆۋەتچى ساقچى خادىمى دەلىللىدى.

**2017 - يىلى 16 - مارت:** د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 34 - نۆۋەتلىك يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن جەنۋەدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى 10 - مارت باشلىنىپ، 16 - مارت ئاخىرلاشتى.

14 - مارت كۈنى د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئېلىپ بارغان تۇنجى پائالىيەت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى دىنىي ئىشلار بويىچە ئالاھىدە ئەمەلدارى ئەھمەد شاھىد بىلەن ئۇچرىشىش بولدى. ئۇچرىشىشتا د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ۋە د ئۇ ق پىروگرامما يېتەكچىسى پېتىر ئىرۋىن ئەپەندىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئائىت مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئاڭلاتتى. شۇنداقلا بىر قاتار بىرقانچە دىنىي زاتلارنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى ۋە مەخسۇس ھازىرلانغان دىنىي بېسىملارغا ئائىت دوكلاتلارنى تەقدىم قىلدى.



15 - مارت كۈنى د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق ۋەكىللىرى شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە ب د ت ۋىلسون مەركىزىدە يەنە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمى مەسئۇلى كرىستىنا خانىم ۋە ب د ت ئالىي كومىسسارلىقى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلار بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى برېندا ۋۇكوۋىچ خانىملار بىلەن ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. ئۇچرىشىشتا، قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىش، نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاش، تۈرمىلەردە تەن جازاسى بېرىش، پاسپورت يىغىۋېلىش، ئۇچرىغانلا يەردە تەكشۈرۈش، ساياھەت ئەركىنلىكىنى چەكلەش ۋە ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش قاتارلىق خىتاي ساقچى ئورگانلىرى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايەتلەرنى بىرمۇبىر ئاڭلىتىلدى.

16 - مارت كۈنى د ئۇ ق ۋەكىللىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ۋىلسون مەركىزىدە، ۋە ب د ت باش شتابىدا بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ئايرىم ئۇچرىششلار ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇ ن پ ئو، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق فېدېراتسىيەسى، خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى تەشكىلاتى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئۇيۇشتۇرغان يىغىنلارغا قاتناشتى ھەمدە يىغىندا سۆز ئېلىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئاڭلاتتى.



**2017 - يىلى 16 - مارت:** ئامېرىكىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنى ئەركىنلىك سارىيى خىتاينى زىيارەت قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى رېكس تىللېرسوندىن ئۇيغۇر تور بەت باشقۇرغۇچىسى تۇرسۇنجان مەمەت قاتارلىق 7 نەپەر ۋىجدان مەھبۇسىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**2017 - يىلى 16 - مارت:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىم 16 - مارت كۈنى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ۋاشىنگتون كولومبىيە ئالاھىدە رايونى ئەزاسى پائۇل سترائۇس بىلەن سۆھبەتتە بولدى. رابىيە قادىر خانىم ئۇچرىشىشتا، ئامېرىكىنىڭ، ئامېرىكىدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئالاھىدە مەسىلىلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەلەپ قىلدى شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش بويىچە بەزى تەكلىپ - لايىھەلەرنى سۇندى.



**2017 - يىلى 16 - مارت:** سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئۇيغۇرلار پادىشاھ سالماننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەج

ئىشلىرىدا خىتايغا بېسىم قىلىشنى ئۈمىد قىلدى

**2017 - يىلى 17 - مارت:** خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئېلىدا تېررورلۇق بىلەن ئەيىبلەنگەن ۋەقەلەرگە ئائىت ئېنىق ئىسپاتلارنى ئاشكارىلىمىغۇچە، ئۇنىڭ تېررورلۇققا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**2017 - يىلى 19 - مارت:** ياپونىيە ئۇيغۇر بىرلىكى تەشكىلاتى ياپونىيەدىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللىغۇچى ياپونلارغا نورۇزلۇق داستىخان سېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى بولغان نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

**2017 - يىلى 19 - مارت:** ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى، پىروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان داڭلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «ماغدۇرى كەتكەندە» ۋە «چېنىقىش» ناملىق ھېكايىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتاب ئەنقەرەدە نەشر قىلىندى.



**2017 - يىلى 19 - مارت:** سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئېچىلىۋاتقان «شەرىئەتنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ئارىسىدىكى ئازغۇن ئېقىملار» ناملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ۋەكىللىرىمۇ ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان. ئۇيغۇر ئۆلىمالار يىغىن ئارىلىقىدىكى پائالىيەتلەر داۋامىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نوپۇزلۇق ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە ئاتاقلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىغا نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.



**2017 - يىلى 21 - مارت:** 11 دۆلەتنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىسى خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى گو شېڭكۈنگە مەكتۇپ يوللاپ، خىتايدا داۋاملىشىۋاتقان تەن جازاسى ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇش قىلمىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ كانادادا چىقىدىغان يەر شارى پوچتىسى گېزىتىنىڭ دۈشەنبە كۈندىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، 2017 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى غەربتىكى 10 دۆلەت ۋە ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 دۆلەتنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خىتاي ج خ مىنىستىرى گو شېڭكۈنگە خەت يېزىپ، خىتايدا تۇتقۇن قىلىنغان شى ياڭ، جاڭ تيەنيۇڭ قاتارلىق ئادۋوكاتلارنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچراش ئەھۋالى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، خىتايدا داۋاملىشىۋاتقان مەھبۇسلارنى تەن جازاسى ئارقىلىق ئىقرار قىلدۇرۇش قىلمىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان.

**2017 - يىلى 21 - مارت:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا بايانات بېرىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مەركىزى جايلاشقان گېرمانىيەدە، خىتاي ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى» ۋە خىتاينىڭ گېرمانىيەدىكى ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش مۇكاپاتى تارقىتىش» مۇراسىمىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە توختالدى. ئۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوقۇش، خىزمەت ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن چەتئەللەرگە، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىگە چىققان ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلدى. ئۇ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئوقۇش مۇكاپاتى»، «شىنجاڭغا ساياھەت» قاتارلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەنپەئەت بېرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، غەرب دۆلەتلىرىدە ئوقۇۋاتقان

ئوقۇغۇچىلارنى ۋە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ بولغان ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىشقا، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىگە جاسۇسلۇق قىلىشقا قىستاۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

**2017 ـ يىلى 21 ـ مارت:** ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا، د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن يەنە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بەزى مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى بۇ قېتىمقى پائالىيەتلىرى 21 ـ مارتتا باشلىنىپ، 23 ـ مارتتا ئاخىرلاشتى.




**2017 ـ يىلى 23 ـ مارت:** ئاۋستىرالىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭنىڭ ئاۋستىرالىيە پارلامېنتىدا ئېلىپ بارىدىغان ئىككى دۆلەت سۆھبىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئاۋستىرالىيەنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، تىبەت، فالۇڭگۇڭ مۇرىتلىرى ۋە خىتاي ئۆكتىچىلىرى پايتەخت كانبېرادىكى پارلامېنت بىناسى ئالدىغا جەم بولۇپ، بىرلىكتە خىتايغا قارشى نامايىش ئېلىپ باردى.




**2017 ـ يىلى 23 ـ مارت:** ئالمۇتا شەھىرىنىڭ دوستلۇق مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان «دوستلۇق» كافېخانىسىدا ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر يىگىت باشلىرى بىرلەشمىسى يېنىدىكى «ئالمۇتا مەشرىپى»نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مەشرەپلەر ئارا مۇسابىقە بولۇپ ئۆتتى. مەزكۇر پائالىيەتنى ئالمۇتا شەھىرى ئەۋەزوف نامىدىكى ئۇيغۇر ئېتنو ـ مەدەنىيەت مەركىزى، «پەرۋاز» ئىجراچىلار بىرلەشمىسى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى.

**2017 ـ يىلى 24 ـ مارت:** د ئۇ ق جۈمە كۈنى خىتاينىڭ «يەر شارى ۋاقتى گېزىتى»گە ئىنكاس قايتۇرۇپ، چارشەنبە كۈنى لوندوندا يۈز بەرگەن تېررورلۇق ھۇجۇمنى ئۇيغۇرلارغا قارشى سۇيىئىستېمال قىلماسلىققا چاقىردى.

**2017 ـ يىلى 24 – مارت:** ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتاچى كەنتىدىكى 55 ياشلىق تىجارەتچى ئابدۇرىشىت ھاجىنىڭ ئۇلۇغچات تۈرمىسىدە ئۆلگەنلىكى ئۇچۇرى كەلدى.

**2017 ـ يىلى 24 – مارت:** ئۇيغۇر رېژىسسور ئابدۇراھمان ئۆزتۈركنىڭ تۈركىيەدە ئىشلىگەن تۇنجى فىلمى «ئاق كىت» 24 ـ مارتتىن باشلاپ تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى كىنوخانىلاردا قويۇلۇشقا باشلىدى.




**2017 ـ يىلى 25 – مارت:** ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلەشمىسى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتون شەھىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس، خېرىندون شەھەرچىسىدە ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن 2017 ـيىللىق نورۇز پائالىيىتى تەشكىللىدى.

**2017 ـ يىلى 25 – مارت:** دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان كېڭەش يىغىنىغا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن ئىبراھىم داموللام بىلەن نىزامىدىن ھاجىم تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە پىكىر بايان قىلدى. يىغىندا، دۇنيا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئەلى قاراداغى، بىرلىكنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمغا خاتىمە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازغانلىقىنى ۋە بۇ يولدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



**2017 ـ يىلى 25 – مارت:** 2017 ـ يىللىق نورۇز يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتون ۋە قوشنا ئىشتاتلاردىن كەلگەن ئۇيغۇر جامائىتى يەنە بىر قېتىم بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى بايرىمىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى. ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلار ئۆزلىرىنىڭ بايراملىق شادلىقىنى ھەر خىل شەكىللەردە ئىپادىلىگەن بولسا، چوڭلار ئۆز تىلەكلىرىنى بايان قىلدى.


**2017 - يىلى 25 – مارت:** دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت مەرھۇم مۇھسىن يازىجىئوغلۇ ۋاپاتىنىڭ 8 - يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «تۈرك دۇنياسى ۋە بىرلىك» يىغىنىغا قاتنىشىپ، يازىجىئوغلۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار خىزمەتلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. يىغىندا تونۇلغان ئۇيغۇر پەرزەنتى مۇجاھىد كاشىغەرلى شېئىر ئوقۇدى.




**2017 - يىلى 26 – مارت:** شىۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار 26 - مارت كۈنى ستوكھولمنىڭ تېنىستا رايونىدىكى كۈتۈپخانا پائالىيەت زالىدا بىرلىكتە نورۇزنى تەبرىكلىدى.

**2017 - يىلى 26 – مارت:** 26 - مارت گېرمانىيەنىڭ كارلسرۇھې شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپادا نورۇز» پائالىيىتىگە 5 دۆلەتتىن 100 ئەتراپىدا كىشى قاتناشتى.

**2017 - يىلى 27 – مارت:** د ئۇ ق نىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى پائالىيەتلىرى باشلاندى؛ 26 - مارت بېلگىيە پايتەختى برىيۇسسېلغا يېتىپ كەلگەن د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي خادىملىرى 27 - مارتتىن باشلاپ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىشلارنى ئۆتكۈزدى.



**2017 - يىلى 28 – مارت:** ئۇيغۇر ئېلىدا يەنە 11 كىشى «قانۇنغا خىلاپ ئۇچۇر تارقىتىش» دېگەن جىنايەت بىلەن جازالاندى؛ تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 11 كىشىنىڭ 6 نەپىرى ئۇيغۇر، 1 نەپىرى قازاق، 4 نەپىرى خىتاي بولۇپ، ئۇيغۇر بىلەن قازاق ھەممىسى دېگۈدەك دىنىي ئەسەبىيلىك، تېرورلۇق ۋە قانۇنسىز ۋەز ئېيتقان ۋىدىيولارنى كۆرۈش ۋە تارقىتىش جىنايىتى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان. ئىككى نەپەر خىتاي بولسا تېرورلۇققا ئائىت ساختا ئۇچۇر تارقىتىپ، خەلققە ۋەھىمە سېلىش ۋە ئۇيغۇر ئېلىدىكى مۇقىملىق سىياسەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن جازالانغان.

شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۇچرىشىشى <دۇنيا تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق كېڭىشى> » نىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنى شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى مەركىزىدە چاقىرىلدى؛ يىغىنغا تۈركىيەدىن سىرت فىنلاندىيە، گوللاندىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.



**2017 - يىلى 29 - مارت:** مەركىزى ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىغا جايلاشقان سۇتۇق بۇغراخان كىتابخانىسى تور (http://sutuqbugrahan.com) ئارقىلىق مۇلازىمەت قىلىشنى باشلىدى.





**2017 - يىلى 28 - مارت:** شەرقىي تۈركىستاندا يەنە يۈز ئونمىڭ كىشى يەر-زېمىنلىرىدىن كۆچۈرۈۋېتىلىدىكەن؛ «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە تەڭرىتاغ تورى قاتارلىق خەۋەر تورلىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا «نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش» دەپ نام بېرىلگەن قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، ئىككى يىل ئىچىدە يۈز ئونمىڭ ئادەمنى ئۆي-ماكانىدىن كۆچۈرۈپ يەرلەشتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولۇشنى كۆزلەۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.



**2017 - يىلى 28 - مارت:** «ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ۋەزىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان كۈرىشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يول خەرىتىسى قانداق بولۇشى كېرەك» تېمىلىق «9 - نۆۋەتلىك دۇنيا

**2017 - يىلى 29 - مارت:** ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ يىغىن زالىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتىقاد ۋە ساياھەت ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشى» تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.



**2017 - يىلى 29 - مارت:** خىتاي دائىرىلىرى بۇ يىل ئۇيغۇر ئېلىدىن 20 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق «ئاز سانلىق مىللەت» ئوقۇغۇچىسىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئەۋەتىپ، «ئەۋزەل مائارىپ» بىلەن تەربىيەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىنگلىزچە «خىتاي كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، مەزكۇر 20 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ 9880 نەپىرى ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا، 3 مىڭ 300 نەپىرى كەسپىي مەكتەپلەردە، 8 مىڭ 600 نەپىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن.

**2017 - يىلى 29 - مارت:** «تەڭرىتاغ تورى» نىڭ

خەۋىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، 29 - مارت كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 28 - قېتىملىق يىغىنىدا 43 دائىمىي ھەيئەت ئەزانىڭ ئاۋازى بېرىشى بىلەن 50 ماددىلىق «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاراردىن ئۆتكۈزۈلگەن.

**2017 - يىلى 30 - مارت:** د ئۇ ق نىڭ 12 - نۆۋەتلىك «ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، قانۇن بىلەن تەربىيىلەش پروگراممىسى» باشلاندى؛ مەخسۇس ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەربىيەلەشنى نىشان قىلغان بۇ قېتىمقى كۇرسقا ھەرقايسى ئەللەردىن تىزىمغا ئالدۇرغان 50 ئەتراپىدا ۋەكىللەر قاتناشتى. كۇرسنىڭ ئۈچ كۈن داۋاملىشىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.



**2017 - يىلى 30 - مارت:** شىنخۇا ئاگېنتلىقى،

شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇر چۆلى تەۋەلىكىدىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا چوڭقۇرلۇقى 2.70cm، ئېگىزلىكى 2.5cm، ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىر كېلىدىغان كىرورەن خانلىقىغا تەۋە بولۇش ئېهتىمالى بار بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسىنىڭ تېپىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.



تۈركىستاندا «دىنىي ئەسەبىيلىكنى چەكلەش» بويىچە چىقارغان 50 ماددىلىق نىزامنامىسىنىڭ 1 ـ ئاپرېلدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، بەلگىلىمە ئاممىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرىغا ئوخشاش بەزى ساھەلەردە ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.



**2017 ـ يىلى 30 ـ مارت:** تەڭرىتاغ تورى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومۇر كان ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەمەت تۇردىنىڭ «سىياسىي ئىنتىزام ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ئىنتىزامى» غا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

**2017 ـ يىلى 31 ـ مارت:** خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر رايونىدىكى 3 يىللىق «قوش تىل» يەسلىلىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 2017 ـ يىلى ئۇيغۇر رايونىدا 4387 «قوش تىل» يەسلىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغانلىقى ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، 10 مىڭ ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**2017 ـ يىلى 31 ـ مارت:** خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي

د ئۇ ق نەشرىيات ـ تەشۋىقات كومىتېتى تۈزدى
گېرمانىيە ـ ميۇنخېن | 2017 ـ يىلى، مارت

Dunya Uyghur Qurultiyi Teshwiqat - Neshriyat Komitéti neshr qildi

# XEWERNAME

2017 - YiliQ 3 - San | UMUMI 4 - San

3
2017